# دۇنيا ئىقتىسادىنى «مۇقىملاشتۇرغۇچ»نى مۇستەھكەملەش

## — تۈنجى پەسىلدە جۇڭگو ئىقتىسادىنى كۆزىتىشنىڭ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىسمى

**جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېقىندىن كۆزىتىش**

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لىيۇ خۇڭشيا، دىڭ لې، شۈ ياڭ

2020 - يىلى، دۇنيا ئىقتىسادى «قارا ئاققۇ»غا يولۇقتى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتى ساغلاملىقى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، يەرشارىۋى سودا ئوخشاشلا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، يۇقۇم ئامىلىنى ئويلاشقاندا، بۇ يىل يەرشارىۋى سودىنىڭ 13%تىن 32%كىچە كېمىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن. چوڭ ئاپەتتە، جۇڭگو تاشقى سودىسىنىڭ ئىپادىسى قانداق بولدى؟ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قايسى ئورۇنغا كۈچەشكە بولىدۇ؟

**سىياسەت «دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر»ى تاشقى سودىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ياردەم بەردى**

«جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بىزنىڭ چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى.» 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جۇڭچىڭ جۇڭكې خەلقئارا كەسىپ باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لى بىن مۇنداق دېدى: «بۇ نۆۋەتلىك پويىزغا بىز جۇڭگو - بېلارۇسىيە سانائەت باغچىسىغا ئەۋەتىدىغان مېخانىكا قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى قاچىلانغان. ترانسپورت ۋاقتى 15 كۈن ئەتراپىدا قىسقارتىلدى».

يۇقۇم يەرشارىۋى ئەشيا ئوبوروت كەسپىگە ئېغىر زەربە بولدى. كۆپلىگەن نۆۋەتچى ئايروپىلان ترانسپورتتىن توختىدى، پورتلار تاقالدى، بىر قىسىم ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ «قەدەم ئېلىشى قىيىن بولدى».

تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، جەزمەن تاشقى سودا ئەشيا ئوبوروت زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئەشيا ئوبوروت زەنجىرى، ھەتتا يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تۇتقىغا ئايلاندى. تامۇژنا، قاتناش، تۆمۈريول، پوچتا قاتارلىق تارماقلار ئارقا - ئارقىدىن تەدبىر چىقاردى، ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ يىل 1 - پەسىلدە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 1941ى قاتناپ، 174 مىڭ ئۆلچەملىك ساندۇق مال توشۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 15% ۋە 18% ئاشتى، 3 - ئايدا، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش سانى 800نى بۆسۈپ ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېرىش مۇساپىسىدىكى نۆۋەتچى پويىزنىڭ سانى 500نى بۆسۈپ ئۆتتى، بۇ ئىككى تۈر كۆرسەتكۈچتە ئوخشاشلا تاق ئاي تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

يۇقۇمنىڭ يەر شارىدا كېڭىيىپ كېتىشى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرى بۇنداق ياكى ئۇنداق قىيىن مەسىلىگە يولۇقتى. دەسلەپتە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن مەھسۇلاتنى يەنە توشۇپ چىقىرالمىدى، يەنە كېيىنگە كەلگەندە، مەھسۇلاتنى توشۇپ چىقارغىلى بولىدىغان چاغدا چەت ئەللەردىكى خېرىدارلار تاپشۇرۇۋېلىشنى زور تۈركۈملەپ ئارقىغا سۈردى ياكى زاكازنى بىكار قىلدى... كۆپلىگەن تاشقى سودا كارخانىلىرىنى بۇ بىرقانچە ئايدا «قەدەمدە بىر چۆچۈدى» دېيىشكە بولىدۇ.

تامۇژنا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 1 - پەسىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ مال سودا ئېكسپورت - ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتى 6 ترىليون 570 مىليارد يۈەن بولۇپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت 3 ترىليون 330 مىليارد يۈەن بولۇپ، 11.4% تۆۋەنلىگەن؛ ئىمپورت 3 ترىليون 240 مىليارد يۈەن بولۇپ، 0.7% تۆۋەنلىگەن؛ سودا ئاكتىپ بالانسى 98 مىليارد 330 مىليون يۈەن بولۇپ، 80.6% تارايغان.

«ئېنىقكى، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودا ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن». تاشقى ئىقتىساد - سودا داشۆسى خەلقئارا ئىقتىساد تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇاڭ رۇي مۇنداق دېدى: ئەمما 1 - پەسىلدىكى تۆۋەنلەش نىسبىتى مۆلچەرىمىزدىكىدەك بولدى، ھەتتا بىر قىسىم ئاپپاراتلارنىڭ كۆزلىمىسىدىن ياخشىراق بولدى، بۇ، مەركەز دەل ۋاقتىدا تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان بىر قاتار ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مۇخبىرنىڭ رەتلەش داۋامىدا بايقىشىچە، پەقەت 3 - ئايدىن بۇيان، گوۋۇيۈەن دائىمىي يىغىنى ئاز دېگەندە تۆت قېتىم تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تاشقى سودا كىرېدىت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش، «ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، بۇلغىنىشى ئېغىر، بايلىق خاراكتېرلىك»تىن باشقا بارلىق باجنى تولۇق سوممىسى بىلەن قايتۇرۇلمىغان ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى باجنى ۋاقتىدا تولۇق سوممىسى بىلەن قايتۇرۇش، تەسىس قىلىنىپ بولغان 59 چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى ئاساسىدا يېڭىدىن 46 چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى تەسىس قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، دۆلىتىمىز تاشقى سودىسىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تىرەك بولغان.

**يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا «جۇڭگو تۆھپىسى»نى قوشتى**

1 مىليارد 60 مىليون تال ماسكا! بۇ، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىر كۈندە، جۇڭگو ئېكسپورت قىلغان ماسكا سانى.

يۇقۇمنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز «ماسكا قوبۇل قىلىش»تىن «ماسكا يەتكۈزۈش»كە ئۆزگەردى، بارغانسېرى كۆپ دۆلەت ۋە رايوندىكى خەلق «جۇڭگو ماسكىسى»نى ئىشلەتتى، «جۇڭگو مۇداپىئە كىيىمى»نى كىيدى، «جۇڭگو نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى»نى ئىشلەتتى.

بۇ، جۇڭگونىڭ پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا تۆھپە قوشقانلىقىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى. خەلقئارا بازارنى خام ماتېرىيال دورا، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشنى زورايتقاندىن باشقا، جۇڭگو يەنە «يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش»قا توختىماي كۈچ چىقىرىدىغانلىقىدەك ئېنىق سىگنالنى كۆپ قېتىم تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىقتىساد - سودا ھەمراھلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەرشارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە باشلامچى كارخانا ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى، تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالدىن كاپالەتلەندۈرۈپ، يەرشارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

«ئىشىنىمەنكى، باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم بېرەلىگەن دوست ھەقىقىي دوست بولىدۇ.» 2 - ئايدا، كورېيە كەسپلەر سودا ئالاقىسى بايلىقى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى چېڭ يۈنمونىڭ بىر پارچە ئىمزالىق تەشەككۈر خېتى شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنىڭ ئۈستىلىگە ئەۋەتىلدى.

كورېيە تەرەپنىڭ تەشەككۈر خېتىدە، شەندۇڭنىڭ ئۆلكە، شەھەر، كارخانىلارنى «نۇقتىدىن نۇقتىغا» ئىز قوغلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن كورېيە مەبلىغىدىكى 32 ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى كارخانىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، يەرشارىۋى ئاپتوموبىل تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرغانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

يەر شارى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە يەرشارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردىمى بار، يەنە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت چوڭقۇر مەنە، مەزمۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، تاشقى سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى**

«4 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 94 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى ئۈچ ئاينىڭ يىغىندىسىدىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى ھەم پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 50% ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.» گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى دۇڭگۇەن شەھىرى مەيسىيۇ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ سېتىش مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جاڭ خېشىڭ مۇنداق دېدى: بازارغا بولغان ئىشەنچىمىز ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىگە ئىشەنچىمىز بولغانلىقتىن كەلگەن.

«جىدىڭخېنىڭ توك مەنبەسىنى ماسلاشتۇرغۇچ شىركىتىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىركەت يادرولۇق تېخنىكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئاچقۇچلۇق زاپچاسلارنىمۇ ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرالايمىز. ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە نۆۋەتتە 2 - ئەۋلاد ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 3 - ئەۋلاد ئاپتوماتلاشتۇرۇش پىلانلىنىۋاتىدۇ.» ئۇ مۇنداق دېدى: تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، «ئىچكى ماھارەت»نى مەشىق قىلدۇرغاندىن سىرت، شىركەت خەلقئارا بازارنى كېڭەيتىش جەھەتتىمۇ «ھوسۇل ئالدى».

مەيسىيۇ ئايرىم مىسال، لېكىن يالغۇز مىسال ئەمەس. يۇقۇم ۋەزىيىتىدە، نۇرغۇن تاشقى سودا كارخانىسى بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن بىللە، قەلب، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ تىپ ئۆزگەرتىشنى كۆزلەپ، تىرىشىپ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، تاشقى سودا دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىنى تاشقى سودا شەكلىدىن پايدىلىنىپلا ھەل قىلىش ناتايىن. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنى قوللاش كېرەك.

«ئېكسپورتنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىش ئىچكى - تاشقى سودىنى ئۈنۈملۈك تۇتاشتۇرۇش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فاڭ ئەيچىڭ مۇنداق قارىدى: بۇ ساھە يەنىلا بىر قىسىم چەكلىمىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى كارخانا تەرەققىيات ئىدىيەسىگە چېتىلىدۇ، بەزىلىرى ئۆلچەملىك جىپسىلاشتۇرۇش جەھەتكە چېتىلىدۇ، بەزىلىرى مالىيە - باج سىياسىتىگە چېتىلىدۇ، كۆپ تەرەپنىڭ تەتقىق قىلىپ ماسلىشىپ تۈرتكە بولۇشىغا ئېھتىياجلىق.

«چارە ھامان قىيىنچىلىقتىن كۆپ بولىدۇ.» جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى جاڭ يەنشېڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسى ناھايىتى كۈچلۈك چىدامچانلىققا ئىگە، يېتەرلىك پەم - پاراسەتكىمۇ ئىگە بولۇپ، داۋاملىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەش شارائىتى بار.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتە قورغاس تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن ئاساسلىقى «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «چېڭدۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «چاڭئەن ناملىق» قاتارلىق 16 لىنىيە بولۇپ، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك مال، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جۇڭگودا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، گېرمانىيە، پولشا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئۈزۈلمەي توشۇلىدۇ. قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزغا ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماللار قاچىلىنىپ، چۇڭچىڭ، چېڭدۇ، شىئەن قاتارلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە تارقىتىلىدۇ.

«بۇ يىل بىز ‹جۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا› جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق 65 مىڭ تونىنا مالنى چېگرادىن چىقاردۇق، ئاساسلىقى تۈرلۈك ماللار، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق تاۋارلار. ھازىر تېخىمۇ كۆپ خېرىدار جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق يۈك توشۇشنى تاللاۋاتىدۇ، نۆۋەتتىكى تېز تەرەققىيات ۋەزىيىتى بويىچە بولغاندا، بىزنىڭ بۇ يىللىق تەرەققىياتقا ئىشەنچىمىز بار» دېدى قورغاستىكى مەلۇم يۈك ترانسپورت ۋاكالەتچىلىكى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى جاڭ شيۇ.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، دېڭىز ترانسپورتى، ھاۋا ترانسپورتى ھەمدە تاشيول قاتارلىق ترانسپورت يوللىرىنىڭ توشۇش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئازايدى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۆتىدىغان دۆلەت (رايون) كۆپ، توشۇش مىقدارى زور، باھاسى تۆۋەن ھەم مۇقىمچانلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق كۆپلىگەن ئەۋزەللىكلىرى بىلەن نۇرغۇن سودىگەرنى جەلپ قىلدى.

قورغاس تامۇژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن، بولۇپمۇ 3 - ئايغا كىرگەندىن بۇيان، چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، كۈنىگە ئوتتۇرىچە 14 قېتىمغا، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە 17 قېتىمغا يەتكەن.

# 24 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى»نى باھالاش ۋە 2020 - يىللىق «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ياخشى ياشلار»نى نامزاتلىققا تاللاپ كۆرسىتىش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - ماي ياشلار بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە 24 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى»نى تارقىتىپ، ياشلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر تىپلار ۋە نەمۇنىچى ۋەكىللەرنى تەقدىرلىدى. دىڭ لياڭشاۋ قاتارلىق 60 يولداشقا 24 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى» بېرىش، بېيجىڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھى فۇتيەن دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئامما نامايىش بېزەكلىك ئاپتوموبىل تەگلىكى ياساش ۋە تېخنىكا كاپالىتى كوللېكتىپى قاتارلىق 34 ياشلار كوللېكتىپىغا 24 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى كوللېكتىپى» دەپ نام بېرىش، ۋاڭ شو قاتارلىق 34 يولداشقا 24 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 - ماي مېدالى»نى تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى 2020 - يىللىق «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ياخشى ياشلار» تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابدۇغېنى لىتىپ قاتارلىق 149 مۇنەۋۋەر ياش ۋە بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ئەترىتى قاتارلىق تۆت ياشلار توپى بۇ شەرەپكە ئېرىشتى.




# يەن گاۋخۇڭ: نەمۇنىلىك نەزەرىيە خىزمەتچىسى

□ مېي شىشيۇڭ لو جىنمۇ



**بۇ، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاش تېمىسى بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنىدا سۈرەتكە تارتىلغان يەن گاۋخۇڭ (2010 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تارتىلغان).**

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

چېكىمگىنىڭ ئالدىنقى كۈنى، نۇرغۇن كىشى ماسكا تاقاپ دۆلەت مۇداپىئەسى داشۆسى سىياسىي شۆيۈەندىكى بىر ھەيكەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى...

ھەيكەلنىڭ باش قەھرىمانى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەرىپىدىن «نەمۇنىلىك نەزەرىيە خىزمەتچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن دۆلەت مۇداپىئەسى داشۆسى سىياسىي شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى يەن گاۋخۇڭ ئىدى. 2010 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاش تېمىسى بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

يەن گاۋخۇڭ ئەنخۇينىڭ گۇاڭدېدىن بولۇپ، 1968 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ئىلگىرى ئەسلىدىكى نەنجىڭ سىياسىي شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى بولغان.

1978 - يىلى، يەن گاۋخۇڭ ئىككى پارچە يۆتكەش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغان: بىر پارچىسى ئەسلىدىكى نەنجىڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەش، بىر پارچىسى ئەسلىدىكى نەنجىڭ سىياسىي شۆيۈەنىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىدى. ئۇ ئورگانغا كىرىشنى تاللىماي، بەلكى مۇنبەرگە چىقىشنى قارار قىلغان.

قىسمىدىن مەكتەپكە كېلىپ، يەن گاۋخۇڭ ناھايىتى تېزلا نەزەرىيە تەتقىقاتىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزۈپ چىقىپ، پەلسەپە كەسپىدە تۇنجى بولۇپ مۇنبەرگە چىققان ياش ئوقۇتقۇچى، دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرغان تۇنجى ياش ئوقۇتقۇچى، يەككە باب - پاراگرافلىق مەزمۇنلارنى سۆزلەشتىن بىر پۈتۈن دەرسلىكنى سۆزلەيدىغان تۇنجى ياش ئوقۇتقۇچى، يادرولۇق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلغان تۇنجى ياش ئوقۇتقۇچىغا ئايلانغان...

يەن گاۋخۇڭنىڭ قارىشىچە، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش پەقەت ئاساس سالغانلىق، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم باسقۇچى ۋە ئىدېئولوگىيە خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇھىم، زور پەيتتە، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى جەزمەن ھەرىكەتتە ئالدىنقى ئىدېئولوگىيە بازىسىنى قوغدايدىغان جەڭچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى 90 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، يەن گاۋخۇڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش» قاتارلىق يۈرۈشلۈك لېكسىيەلەرنى ۋاقتىدا تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى» دەرسىنى ئالدىن تەسىس قىلىپ، خاتا پىكىر ئېقىمىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەرگەن.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى باشلىنىپ، پۈتۈنلەي يېڭى بولغان ئۇرۇش قارىشى ۋە جەڭ قىلىش شەكلى يەن گاۋخۇڭنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىستراتېگىيەگە بولغان ئويلىنىشىنى قوزغىغان. ئۇ ئەسلىدىكى نەنجىڭ سىياسىي شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى بى ۋېنبو بىلەن بىللە ھەربىي ئىشلار تەپەككۇرشۇناسلىقى پەن قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. 2000 - يىلى، ھەربىي ئىشلار تەپەككۇرشۇناسلىقى پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ھەربىي ئىشلار پەن تەتقىقات خىزمىتى بويىچە «10 - بەش يىل»لىق پىلان تېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان 31 يىلدىن بۇيان، مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتى ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتتىمۇ، يەن گاۋخۇڭ ھەر يىلى 250 سائەتتىن ئارتۇق دەرسنى ئۈستىگە ئالغان؛ ئىلمىي ژۇرنال تاپشۇرۇۋالغان ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇ ئۆزى كۆرۈپ چىققان، يەنە دائىم ماقالە ئەۋەتكۈچى بىلەن تېلېفونلىشىپ ئىشلىرىنى يۈزتۇرا سۆزلەشكەن؛ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئۇ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى، ئىلىم بويىچە تەربىيەلىنىش يوشۇرۇن كۈچىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن...

ھايات ۋاقتىدا، يەن گاۋخۇڭ دېيىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئابزاس سۆز بولسا: ماركسىزم نەزەرىيەسى مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش ئۈچۈن، زېرىكىشلىككە بەرداشلىق بېرىپ، ئاددىي - ساددىلىققا كۆنۈپ، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىغا يول قويماسلىق؛ چىن قەلبىدىن ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئارمانسىز كېتىش كېرەك...

يەن گاۋخۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يولداش يەن گاۋخۇڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى، شۆيۈەن پارتىيە كومىتېتى مەخسۇس «يەن گاۋخۇڭ فوندى» تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا «يەن گاۋخۇڭ مۇكاپاتى»، «4 - ماي» ياشلار بايرىمىدا «يەن گاۋخۇڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» تارقىتىشنى بېكىتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يەنە ئۆزلۈكىدىن «يەن گاۋخۇڭ ناخشىسى»نى يېزىپ يەن گاۋخۇڭنىڭ ھېكايىسىنى ناخشا ساداسىغا جۆر قىلىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزمەكتە.

«ۋاقىت بىر ئۆلچەملىك» «مېنىڭ دېگىنىم دەل مېنىڭ ئىشەنگىنىم، مېنىڭ ئىشەنگىنىم دەل مەن شۇ بويىچە قىلغىنىم»... سىياسىي شۆيۈەندە، يەن گاۋخۇڭنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى كىتاب ئايرىغۇچ، ئۈستەل كالېندارى ۋە تەشۋىقات ئېلانى قىلىپ ئىشلەندى، مەيلى كىتابلارنى ۋاراقلىغاندا ياكى دەرسخانىغا كىرگەندە بولسۇن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر مەيدان زامان ۋە ماكان ھالقىغان سۆزلىشىشنى باشلىغاندەك بولىدۇ ——

يەن گاۋخۇڭ مەڭگۈ دەرستىن چۈشمىگەن ئوقۇتقۇچىغا ئوخشاش ئەۋلادمۇئەۋلاد كېيىنكىلەرنى يېتەكلىمەكتە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)